# سلەرنىڭ بىرىڭلار تاھارەت ئالغاندا، بۇرنىغا سۇ ئېلىپ ئېچىگە تارتىپ بۇرنىنى تازىلاپ سىرتقا چىقىرىۋەتسۇن، ئىستىنجا قىلغان كىشى تاق قىلسۇن

ئەبۇ ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سلەرنىڭ بىرىڭلار تاھارەت ئالغاندا، بۇرنىغا سۇ ئېلىپ ئېچىگە تارتىپ بۇرنىنى تازىلاپ سىرتقا چىقىرىۋەتسۇن، ئىستىنجا قىلغان كىشى تاق قىلسۇن، سلەرنىڭ بىرىڭلار ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا، قولىنى تاھارەت ئالىدىغان سۇ بار قاچىغا سىلىشتىن بۇرۇن قولىنى ئۈچ قېتىم يۇيىۋەتسۇن، چۈنكى ئۇ كىشى قولىنىڭ كېچىدە قەيەرلەردە بولغانلىقىنى بىلمەيدۇ». مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە: «سلەرنىڭ بىرىڭلار ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا، قولىنى ئۈچ قېتىم يۇماستىن تاھارەت ئالىدىغان سۇ بار قاچىغا كىرگۈزمىسۇن، چۈنكى ئۇ كىشى قولىنىڭ كېچىدە قەيەردە بولغانلىقىنى بىلمەيدۇ» دېيىلگەن.

[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام تاھارەتكە ئالاقىدار بەزى ھۆكۈملەرنى بايان قىلىپ بەردى، ئۇ ھۆكۈملەردىن: بىرىنچى: تاھارەت ئالغان كىشى نەپەس بىلەن بۇرنىغا سۇ كىرگۈزۈپ ئاندىن بۇرنىنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇ سۇنى يەنە نەپەس بىلەن چېقىرىۋېتىدۇ. ئىككىنچى: ئۆزىدىن چىققان ئەزىيەتلەرنى سۇدىن باشقا تاش، چالما قاتارلىق نەرسلەر بىلەن تازىلىماقچى بولغان كىشى ئۇ ئورۇننى تاق شەكىلدە يەنى ئەڭ ئاز بولغاندا ئۈچ قېتىم تازىلىشى كېرەك، يەنى نىجاسەت چىققان ئورۇن پاكىز بولغانغا قەدەر تازىلايدۇ. ئۈچىنچى: كېچىدە ئۇيقۇدىن ئويغانغان كىشى تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئىككى قولىنى سۇ بار قاچىغا كىرگۈزۈشتىن ئىلگىرى قاچىنىڭ سىرتىدا سۇ قۇيۇپ ئۈچ قېتىم يۇيىۋېتىشى كېرەك، چۈنكى ئۇ كىشى قولىنىڭ كېچىدە نەلەردە بولغانلىقىنى بىلمەيدۇ، قولىنىڭ پاكىزلىقىغا ئىشەنچ قىلالمايدۇ، بەزى ۋاقىتتا شەيتان ئۇ كىشىنىڭ قولىنى ئوينايدۇ، قولىدا ئىنسانغا زىيانلىق ياكى سۇنى بۇزىدىغان بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/3033

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee